### جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

# ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە سارىيى ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگەنىدى. خاتىرە سارىيىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا، قىپقىزىل بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئېگىز جەۋلان قىلىپ تۇراتتى، «مۇستەقىللىق ئەركىنلىك ئوردېنى» ھەيكىلى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. خاتىرە سارىيى ئالدى ئىشىكىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز» دېگەن پىلاكات ئېسىلغانىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، ھەيۋەتلىك ئۈچ ئارمىيە ھۆرمەت قاراۋۇللىرى مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ تىك تۇراتتى.

سائەت 9دىن 57 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ، لى كېچياڭ، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ، ۋاڭ چىشەن قاتارلىقلار بۇ جايغا كەلدى. شى جىنپىڭ قاتارلىقلار جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە سارىيى ئالدىدىكى سۇپىدا سۈكۈتتە تۇردى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەر ۋە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان جياڭگىلىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىگە تۆھپە قوشقان خەلقئارا دوستلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ۋەكىللىرى، پايتەختتىكى ھەر ساھە ئامما ۋەكىللىرى خاتىرە سارىيىغا يۈزلىنىپ سۈكۈتتە تۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان پېشقەدەم جەڭچىلەر، پېشقەدەم يولداشلار، پايتەختتىكى ھەر ساھە ئامما ئايرىم ـ ئايرىم تەقدىم قىلغان يەتتە گۈل سېۋىتى قاتار تىزىلىپ، خاتىرە سارىيى ئالدىدىكى سۇپىغا قويۇلغانىدى. گۈل سېۋىتىدىكى قىزىل لېنتىغا «جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان قۇربانلار مەڭگۈ ھايات» دەپ يېزىلغانىدى.

سائەت دەل 10دا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى باشلاندى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھەربىي ئوركېستىرى ھەيۋەتلىك «پىدائىيلار مارشى»نى ئورۇنلىدى، پۈتۈن مەيداندىكىلەر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت شېئىرىنى بىرلىكتە ئۈنلۈك ئېيتتى. «قوزغال! قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار! گۆش ھەم قېنىمىز بىلەن، مەھكەم ئىستىھكام قۇرايلى...» جۇشقۇن مېلودىيە لۈگۈچياۋ كۆۋرۈكى بويىدا ياڭراپ، يەنە بىر قېتىم كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىنى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يېڭىشكە بىردەك ئاتلانغان ئۇرۇش ئوتى يالقۇنجىغان يىللارغا قايتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس، قەھرىمانلارچە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى قىلىشتەك ئۇلۇغ روھىنى قايتا ئەسلەتتى.

دۆلەت شېئىرى ئېيتىپ بولۇندى. پۈتۈن مەيداندىكىلەر سۈكۈتتە تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈردى.

تەزىيە بىلدۈرۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، ھەربىي ئوركېستىر چوڭقۇر ھېسسىياتلىق «گۈل تەقدىم قىلىش مۇزىكىسى»نى ئورۇنلىدى، 14 ھۆرمەت قاراۋۇلى يەتتە گۈل سېۋىتىنى كۆتۈرۈپ، ئاستا قەدەم بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە سارىيىنىڭ مۇقەددىمە زالىغا كىرىپ، گۈل سېۋىتىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقىغا سىمۋول قىلىنغان چوڭ تىپتىكى قاپارتما نەقىش «پولات ئىستىھكام»نىڭ ئالدىغا قويدى.

شى جىنپىڭ قاتارلىقلار ئاستا قەدەم بىلەن پەلەمپەيدىن چىقىپ، خاتىرە سارىيىنىڭ مۇقەددىمە زالىغا كىرىپ، گۈل سېۋىتى ئالدىدا توختاپ زەن قويۇپ قارىدى. رەت ـ رەت ۋە ئېگىز تىزىلغان قىپقىزىل خۇاجۇ گۈلى، رەڭگارەڭ ئېچىلغان لەنخۇا گۈلى، پورەكلەپ ئېچىلغان بەيخې گۈلگە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىش ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈش مۇجەسسەملەنگەنىدى.

شى جىنپىڭ ئالدىغا بېرىپ، گۈل سېۋىتىدىكى لېنتىلارنى كۆڭۈل قويۇپ رەتلىدى.

ئارقىدىن، باشقا رەھبىرىي يولداشلار ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرى تەرتىپ بويىچە خاتىرە سارىيىنىڭ مۇقەددىمە زالىغا كىرىپ گۈل تەقدىم قىلدى.

سەي چى مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى. دىڭ شۆشياڭ، شۈ چىلياڭ، جاڭ يوۋشيا، چېن شى، خۇاڭ كۈنمىڭ، جاڭ چۈنشيەن، شياۋ جيې، ما بياۋ ھەمدە لى زوچېڭ، مياۋ خۇا، جاڭ شېڭمىن مۇراسىمغا قاتناشتى.

مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى ۋە بېيجىڭ شەھىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى.

---

# دۆلەت 3 ـ تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە ئەسلىھەلىرى، خارابىلىرى ۋە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى مەشھۇر قەھرىمانلار، قۇربانلار، قەھرىمان توپلار تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى**

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلەش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، گوۋۇيۈەن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 3 ـ تۈركۈمدىكى 80 ئورۇندىكى دۆلەت دەرىجىلىك ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە ئەسلىھەلىرى، خارابىلەر تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى؛ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 3 ـ تۈركۈمدىكى 185 نەپەر ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى مەشھۇر قەھرىمان، قۇربان، قەھرىمان توپنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى يېقىنقى زاماندىن بۇيان جۇڭگونىڭ تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى بىرىنچى قېتىملىق تولۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن مىللەت ئازادلىق ئۇرۇشى بولۇپ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى كۆپ قېتىملىق جەڭدە ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشتەك مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسىنى يۇيۇپ، مىللەتنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش، مىللەت مۇستەقىللىقى ۋە خەلق ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى. 1931 ـ يىلدىكى «18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى قىسمەن ئۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقاندىن تارتىپ، 1945 ـ يىلى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر، جۇڭگو خەلقى دۆلەت مۇنقەرز بولۇش، نەسلى قۇرۇش تەھدىتىگە ئۇچرىغان خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇپ، قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، تاغنى تالقان قىلىدىغان جاسارەت بىلەن قەھرىمانلىق زەپەر مارشىنى ياڭراتتى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا زور بىر تۈركۈم قەھرىمانلار، قۇربانلار بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ جىسمىدا نامايان بولغان دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدا ھەر كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، ئۆلۈمگە پەسەنت قىلمايدىغان، ئۆلۈم ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان مىللەت غۇرۇرى، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان، ئاداققىچە جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس، قەتئىي تەۋرەنمەي جەزمەن غەلىبە قىلىش ئېتىقادى مەڭگۈ جۇڭگو خەلقىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى قۇياشتەك نۇر چېچىپ تارىخ بېتىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ.

بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان 80 ئورۇندىكى دۆلەت دەرىجىلىك ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە ئەسلىھەسى، خارابىلەر، ھەرقايسى جايلار تەۋسىيە قىلىپ يۇقىرىغا يوللىغان، جەمئىيەتتىن ئاشكارا توپلانغان، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەركەزلىك تەتقىق قىلىپ مۇزاكىرە قىلغان، نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئاساسىدا تاللاپ چىقىلغان بولۇپ، خاتىرە ئەسلىھەسى، خارابىنىڭ خاتىرىلەش ئەھمىيىتى، خاتىرىلەش مەزمۇنى، قۇرۇلۇش كۆلىمى، ھازىرقى قوغدىلىش ھالىتى ھەمدە رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىقلار ئۇنىۋېرسال ئويلىشىلغان. ئاساسلىقى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە يۈزبەرگەن مۇھىم ئۇرۇش، جەڭلەرنى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مەشھۇر قەھرىمانلار، قۇربانلارنى، جۇڭگونىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قۇربان بولغان داڭلىق خەلقئارا دوستلارنى خاتىرىلەش ئەسلىھەلىرى، خارابىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچىسى مەملىكەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى، مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى، دۆلەت دەرىجىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش ئەسلىھەلىرى، مەملىكەت بويىچە قىزىل ساياھەت ئېسىل مەنزىرە رايونى، دۆلەت دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى دەپ ئېلان قىلىنغان. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى 185 نەپەر مەشھۇر قەھرىمان، قۇربان، قەھرىمان توپنى تاللاشتا، قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى ئىش ئىزلىرى، قۇربان بولۇش ۋەقەلىكى ۋە جەمئىيەتتىكى تەسىر كۈچى قاتارلىقلار ئۇنىۋېرسال ئويلاشتۇرۇلغان. بۇ قەھرىمانلار، قۇربانلار ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى قاپلىغان، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە، خۇانەن پارتىزانلار ئەترىتى، شەرقىي شىمال ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىرلەشمە ئارمىيەسى ۋە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى باشقا خەلق قوراللىق كۈچلىرى، گومىنداڭنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرغان قوماندان ـ جەڭچىلىرى، دېموكراتىك ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن خەلقئارا دوستلار قاتارلىق ئوخشىمىغان توپلارنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى خاتىرە ئەسلىھەلىرى، خارابىلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى تارىخىي ماتېرىياللىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەشۋىق قىلىش، كۆرگەزمە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك زىيارەت قىلىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ دائىرىدە تەشكىللەپ، قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئاممىنى بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ياپون فاشىست تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى تولۇق، ئېنىق تونۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش تارىخى ھەمدە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن بەرگەن غايەت زور مىللىي قۇربانلىقى ۋە قوشقان مۇھىم تارىخىي تۆھپىسىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلار، قۇربانلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئۇلۇغ مىللەت روھى ۋە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا تەربىيەلىشى، يېتەكلىشى كېرەك!

---

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئالىي مەكتەپلەر 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ تۈركۈمگە ئايرىپ مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئوقۇش باشلايدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لېينىڭ**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن ئىگىلىنىشچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ كۈز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلىنىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاۋۋال ئوتتۇرا مەكتەپ ئاندىن باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاۋۋال يۇقىرى يىللىق ئاندىن تۆۋەن يىللىق ئاندىن يېڭىدىن ئوقۇشقا كىرىدىغان يىللىق تەرتىپى بويىچە تۈركۈمگە ئايرىپ، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ ئوقۇش باشلايدىكەن؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ، مۇددەتكە ئايرىپ، تۈركۈمگە ئايرىپ، ۋاقىت ئايرىپ، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ، مەكتەپ سىرتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە قايتىشقا ۋە يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نورمال مائارىپ ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەر ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ كۈز، قىش پەسلىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تېخنىكا لايىھەسى (يېڭىلانغان نۇسخىسى)» ۋە «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۈز، قىش پەسلىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تېخنىكا لايىھەسى (يېڭىلانغان نۇسخىسى)»گە ئاساسەن، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپلەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، لايىھەنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، دەسلەپكى لايىھەنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرىنىڭ، ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈزۈم ۋە تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

---

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان تۆت ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

## كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بىر يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان تۆت ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بىر يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 810، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى 232 بولۇپ، جەمئىي 1042.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سېجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)» دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

---

سۈن شيەنلى:

# ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاغرىق دوختۇرخانىدىن چىققانغا قەدەر جەڭ قىلىمەن

**بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن

«يىل بېشىدىكى يۇقۇمدا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە بولدۇم، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى مەخسۇس كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى، مەن چوقۇم ئەڭ ئاخىرقى ئاغرىق دوختۇرخانىدىن چىققانغا قەدەر جەڭ قىلىمەن» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى سۈن شيەنلى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ خەلق دوختۇرخانىسى ئاساسىدا ئۇرۇش مەزگىلى سۈرئىتى بويىچە تەشكىللىنىپ قۇرۇلغان. 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سائەت 3تە، سۈن شيەنلى تېلېفوننى قوبۇل قىلىپلا دوختۇرخانىغا كېلىپ، تۇنجى ئاغرىقنىڭ كېسىلىنى كۆردى. «شۇ چاغدا بەكمۇ قورقۇپ كەتمىدىم، نېمىلا دېگەن بىلەن يىل بېشىدا بىز بۇ يەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاغرىقلارنى داۋالاپ ساقايتقاندۇق.» يىل بېشىدىكى يۇقۇمدا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ ھەربىر نۇسخا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش، داۋالاش كۆرسەتمىسىنى تەپسىلىي ئوقۇپ تەتقىق قىلىپ، ئەستايىدىل ياخشى خاتىرە قالدۇردى. «بىز يۇقۇملۇق كېسەلگە دىياگنوز قويۇش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبە».

«يامان ئەلپازدا كېلىپ، كىشىنى ساراسىمىگە سالدى.» ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ خەلق دوختۇرخانىسى ئېغىر كېسەللەر تېببىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى سۈن شيەنلى بۇ قېتىمقى يۇقۇمنى مۇشۇنداق تەسۋىرلىدى. تۇنجى خەتەرلىك ئاغرىقنى ئېغىر كېسەللەرنى كۆزىتىش ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەندە سەھەر سائەت 5 بولغانلىقى ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە، «شۇ ۋاقىتتا ئاغرىقنىڭ نەپەس ئېلىشى زەئىپلەشكەن، قاندىكى ئوكسىگېننىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى 70%كە چۈشۈپ قالغانىدى. بىز دەرھال زەخمىسىز نەپەسلەندۈرۈش ماشىنىسى بىلەن نەپەسنى راۋانلاشتۇردۇق، ئارقىدىن كېسەللىك ئالامىتىگە قاراپ داۋالاش ئېلىپ باردۇق.» دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئانالىزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سۈن شيەنلى دۈم ياتقۇزۇپ نەپەس راۋانلاشتۇرۇشنى قاتتىق ئىجرا قىلدى، ئاغرىقنىڭ نەپەس ئېلىش قېتىم سانىنى كونترول قىلدى، ئۈچ كۈن كارىۋات يېنىدىن ئايرىلماي داۋالاش ئارقىلىق، بۇ ئاغرىقنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، ئادەتتىكى ئاغرىقلار رايونىغا يۆتكەلدى.

ئېغىر ئاغرىق مىساللىرى يۈرەك، نېرۋا، بۆرەك قاتارلىق ھەرقايسى سىستېمىلاردىكى كېسەللىكلەرگە چېتىشلىق، سۈن شيەنلى ھەر كۈنى سائەت 10دىكى ئىسمېنا ئالمىشىش يىغىنى ۋە سائەت 15تىكى مۇرەككەپ كېسەللىك مىسالىغا ھۆكۈم قىلىش يىغىنىدا، بىرىنچى ۋاقىتتا كەسپىي مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ، ئاغرىقلار ئۈچۈن ئايرىم داۋالاش لايىھەسى تۈزدى.

«ئىنچىكە ھالقا ۋە كوللېكتىپ ھەمكارلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىش ئېغىر كېسەللەر مېدىتسىناسىنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئۆلۈم بىلەن كۈچ سىنىشىشىمىزدىكى ‹ئالاھىدە قابىلىيىتىمىز›.» سۈن شيەنلى كۈندىلىك خىزمەتلەرنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى، ئۇنىڭ مۇخبىرغا دېيىشىچە، بۆلۈمدىكى 20 نەپەر دوختۇر، 60 نەچچە نەپەر سېسترا ئوخشاش بولمىغان دوختۇرخانا، كۆپ بۆلۈملەردىن كەلگەن بولۇپ، ھەربىر ئاغرىققا ئايرىم داۋالاش لايىھەسى تۈزۈپ ئىجرا قىلىشنىڭ ھەممىسى كۆپ بۆلۈمدىن تەشكىللەنگەن كوللېكتىپنىڭ ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشى ئەڭ ئاخىرىدا داۋالاش ۋە پەرۋىش قىلىشنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىدا ئەمەلىيلىشىپ، ئاغرىقلارنىڭ كېسەل ئالۋاستىسىنى يېڭىشىگە ياردەم بەردى.

يىل بېشىدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا قاتناشقان بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، سۈن شيەنلى ئېغىر كېسەللەر تېببىي بۆلۈمدىكى 34 نەپەر دوختۇر ـ سېسترانى يېتەكلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 90%كە يېقىن ئېغىر ئاغرىقلار ۋە 46% ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئېغىر ئاغرىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاپ ساقايتىپ، «نۆل ئۆلۈش، نۆل يۇقۇملىنىش، پۈتۈن داۋالاپ ساقايتىش»تەك جەڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرگەن، مۇشۇ سەۋەبلىك مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

بۇ قېتىم، ئۇ داۋاملىق ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش ئەترىتىنى يېتەكلەپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يۇقۇملانغان ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى. سۈن شيەنلى مۇنداق دېدى: «ھېچقانداق ئىش خەلقنىڭ ھاياتىنى قوغداشتىنمۇ مۇھىم ئەمەس! مەن ھاياتلىقنى قوغداشقا داۋاملىق پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆزىمىزدىكى ئىلمىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋە كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغدايمەن».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)